# «كۆكتاتلىق» ھەميانى تومپايتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ يى، ئىختىيارىي مۇخبىر شۇ جېي

بۇ يىل ئەتىيازدا، كونا شەھەر ناھىيەسى بۇلاقسۇ يېزىسى ئۈرۈنباستى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى ئەتىگەندىلا ھويلىسىدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى، كەنت ئاھالىسى ئاياس ماھۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىدىيەسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇغداي ۋە كۆممقوناق تېرىمايدىغان بولدى. «كۆكتات تېرىغاندا ئائىلىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، بازار ئۈنۈمى بۇغداينىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولىدىكەن.» 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاياس مۇخبىرغا ھازىر پارنىكقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان كۆكتات تېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

## قۇرۇلما تەڭشىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى كېڭەيدى

ئۈرۈنباستى كەنتىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 7000 مودىن ئارتۇق بولۇپ، تىپىك دېھقانچىلىق كەنتى ئىدى. كۆپ يىلدىن بۇيان، كەنت ئاھالىلىرى ئاساسلىقى بۇغداي ۋە ئېگىز ئورۇنغا كۆممقوناق تېرىپ كەلگەنىدى، گەرچە ھەربىر تېرىقچىلىق مەزگىلىدىن تولۇق پايدىلانغان بولسىمۇ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى يەككە بولغانلىقتىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش بوشلۇقى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ ئۈرۈنباستى كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى بۇ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى تۇتقا قىلىش ئارقىلىق، دېھقانچىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان توسۇقنى بۇزۇپ تاشلاشنى قارار قىلدى.

«كەنتىنىڭ سۇ، تۇپراق، كۈن نۇرى بايلىقى كۆكتات تېرىشقا ئىنتايىن ماس كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى بازارلارنىڭ كۆكتاتقا بولغان ئېھتىياجى زور ئىدى». ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ ئۈرۈنباستى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ۋەن جياڭيۇڭ مۇنداق دېدى: 2016 ـ يىلى، ئۈرۈنباستى كەنتى نامراتلار قاتارىدىن چېكىنىپ چىققاندىن بۇيان، يېزا ئىگىلىكنى كۈچەيتىش، دېھقانلارنى بېيىتىش كەسىپ تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى تېپىپ چىقتۇق.

ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، خىزمەت ئەترىتى كۆكتات تېرىشنى پۈتۈن كەنتىنىڭ كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم كەسىپ قىلدى ھەم كەنت ئاھالىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تېخنىكا يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلىدى.

«بىز دېھقانلار كەچلىك كۇرسى بىلەن ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىدا يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئامما ئاڭلاپ ھېس قىلالايدىغان، چۈشىنەلەيدىغان تىل ئارقىلىق يۈزتۇرا سۆزلەپ، قولمۇقول ئۆگىتىپ، كۆكتات مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىش، كۈندىلىك پەرۋىش قىلىش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق ئەمەلىي تېخنىكىلارنى دېھقانلار ئاممىسىغا يەتكۈزدۇق، دېھقانلار ئاممىسىغا كۆكتات ئۆستۈرۈش ـ پەرۋىش قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ئىگىلىتىپ، تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈردۇق» دېدى ۋەن جياڭيۇڭ.

ھازىر، ئۈرۈنباستى كەنتىدىكىلەرنىڭ قۇرۇقلۇقتا كۆكتات تېرىش كۆلىمى 1300 مودىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە لازىنىڭ مو بېشى كىرىمى 8000 يۈەندىن، شوخلىنىڭ مو بېشى كىرىمى 6000 يۈەندىن ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش رولى كۆرۈنەرلىك بولدى.

## ئەندىزە ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەسى يېڭىلاندى

كەسىپ تەرەققىيات يولىنى توغرا تېپىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە يۇقىرى ئۈنۈملۈك كەسىپ تەرەققىيات ئەندىزىسى بولۇشى كېرەك.

«ھازىر مەن سولياۋ يوپۇق ياتقۇزۇش، مايسا كۆچۈرۈش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق پارنىك تېرىقچىلىقى تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇ يىل يەنە بىر پارنىكنى ھۆددىگە ئالدىم، ھەربىر پارنىكتىن 3000 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ.» ئاياس خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى كەنتتە تېز سۈرئەتتە ئومۇملاشتى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە پۈتۈن كەنتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ.

كۆكتات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىن بۇيان، خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرىنى مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال رىغبەتلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كىرىمنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەت ئەترىتى نامراتلارنى يۆلەش تۈر مەبلىغىگە پائال ئىلتىماس قىلىپ، كەنتتىكى تۇنجى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى ھەم تىجارەت تەجرىبىسى بار دېھقانلار بىلەن ھۆددىگەرلىك كېلىشىمى ئىمزالاپ، پۈتۈن كەنتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، كەنتىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتتى.

«ئىلگىرى سولياۋ يوپۇق ياتقۇزۇشقا كۆپ كۈچ كېتەتتى، ھازىر كەنتتە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپى بار، ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى تەل، ماشىنا بىلەن سولياۋ يوپۇق ياپقاندا ئادەم كۈچى تېجەپ قېلىنىدىكەن، ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدىكەن» دېدى كەنت ئاھالىسى ئابدۇۋەلى قادىر.

ئەنئەنىۋى كەسپلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش جەھەتتە، ئۈرۈنباستى كەنتى يەنە بۇغداي ۋە كۆممقوناقنىڭ يېڭى سورتىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش ئارقىلىق بۇغداي، كۆممقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 150 كىلوگرام ۋە 300 كىلوگرام ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق كىرىمنى ئاشۇردى.

## بازار كېڭەيتىلىپ، كېيىنكى بېيىش غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى

بۈگۈنكى كۈندە، ئۈرۈنباستى كەنتىدىكى بارغانسېرى كۆپ كەنت ئاھالىسى كۆكتات كەسپىگە ئاتلاندى. ئۇلار ئېتىزلىقتا كۆكتات تېرىپلا قالماي، ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بوش قالغان ھويلا ـ ئاراملىرىنىمۇ كىرىمنى ئاشۇرىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندۇردى.

«بىز كەنت ئاھالىلىرىنى ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردۇق.» ۋەن جياڭيۇڭ مۇنداق دېدى: ھازىر پۈتۈن كەنتتىكى 397 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ھويلىسىدىن پايدىلىنىپ كۆكتات تېرىدى، 388 ئەگمە پارنىك ياسىدى.

كەنت ئاھالىلىرىنى كۆكتات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى زېھنىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن كەنتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئەلالاشتۇرغاندىن باشقا، يەنە سېتىش يوللىرىنى پائال ئېچىپ، كۆكتات كەسپىنى ياخشى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دېھقانلار بىلەن بازارنى جىپسىلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى قەشقەر شەھىرىدىكى بىر چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش سودا بازىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ھاسىل قىلىپ، ئۆز كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەيدان ئىجارە ھەققى قاتارلىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆكتات سېتىشىغا قولايلىق ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەت ئەترىتى يەنە كەنتتە كۆكتاتنى مەركەزلىك سېتىۋېلىش نۇقتىسى قۇرۇپ، خىزمەت ئەترىتى بازار بىلەن ئالاقىلىشىش، بېيىش باشلامچىلىرى ۋە دېھقان ۋاستىچىلەر سېتىۋېلىش ـ سېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«بىز بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، كەسىپ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ، كۆكتات تېرىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى، ھەرقايسى تۈگۈنلىرى، ھەرقايسى مۇھىم نۇقتىلىرىدا تېخنىكا يېتەكچىلىكى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى تېرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆكتات كەسپىنى پۈتۈن كەنتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشىدىغان تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندۇرىمىز» دېدى ۋەن جياڭيۇڭ.

# ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ئىشلىتىش ھەرىكىتى قىزغىن دولقۇنى قوزغالدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ يۈ، يۈ شى خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئاممىنى مەدەنىيلىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش ۋە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، مەدەنىي، ساغلام غىزالىنىش، ئاممىۋى تازىلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى «ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش ئاممىۋى پاراۋانلىق ئېلان تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلىپ، ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىپ غىزالىنىش مەدەنىيلىكى تەشەببۇسىنى ئومۇميۈزلۈك قوزغىدى.

«ئۇقتۇرۇش»نىڭ باش تېمىسى «ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىش مەدەنىي غىزالىنىش ساغلام تۇرمۇش». 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن باشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ تاراتقۇلار ئاممىۋى چوكا ھەرىكىتى باش تېمىسىدىكى ئاممىۋى پاراۋانلىق ئېلانلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن چىقاردى. گېزىت، تور، يېڭى تاراتقۇ قاتارلىقلار بەس ـ بەستە «ئاممىۋى چوكا ھەرىكىتى، تاماق ئۈستىلى مەدەنىيلىكى» «ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق سىز ھەم قاتناشقۇچى ھەم مەنپەئەتلەنگۈچى» قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئاممىۋى پاراۋانلىق تەشۋىقاتى ئېلانلىرىنى چىقاردى، جەمئىيەتتە بىر مەيدان ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ئىشلىتىپ غىزالىنىش مەدەنىيلىكى ھەرىكىتى قىزغىن دولقۇنى قوزغالدى.

نۆۋەتتە، ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق تاماق ئۈستىلىدىكى ئۆلچەملىك سەپلىمىگە ئايلاندى، شىنجاڭنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك كارخانىلىرىنىڭ «چوكا» ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولدى.

«يېمەكلىك مەنبەلىك كېسەللىكنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىز ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ۋە ئايرىم غىزالىنىش تۈزۈمىنى كۈندىلىك يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇشقا كىرگۈزۈپ، تاماق چىقىرىش، قورۇما توشۇش، يۇيۇش، دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردىكى مۇلازىمەت تەرتىپىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ھەم ئېلېكترونلۇق ئېكران، تاماق ئۈستىلى ئەسكەرتىش تاختىسى، ئېلېكترونلۇق تاماق بۇيرۇتۇش سىستېمىسى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتتۇق» دېدى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈرۈمچى چاڭفۇگۇڭ مېھمانسارىيىنىڭ مەسئۇلى چۈ فېڭشيا مۇخبىرغا.

ئىگىلىنىشچە، كۆلەملىك يېمەك ـ ئىچمەك كارخانىلىرى ئاھالىلەرنى ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ئىشلىتىشتەك ياخشى غىزالىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پائال يېتەكلەپلا قالماي، يەنە بىر قىسىم كىچىك ئاشپۇزۇل، قاۋاقخانا، ئاشخانا ھەتتا شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار ئارامگاھى ئىگىلىرىمۇ «چوكا» ھەرىكىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائال قاتناشقان.

«بۇ بىخەتەر غىزالىنىش تەدبىرلىرى كىچىك ئىش ئەمەس، ئادەتتىكى ‹كىچىك ئادەت› ئارقىلىق ‹چوڭ مەدەنىيلىك›كە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.» يۈەنشەن ساغلاملىق زىياپەتخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى دۇ جىنفېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئەنئەنىۋى يېغىلىپ تاماق يېيىش ئۇسۇلىنىڭ مۇئەييەن خەۋپ ـ خەتىرى بار. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەدەنىي غىزالىنىش ئادىتىنى قايتىدىن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشى قىلىپ مۇجەسسەملىدى، كەڭ يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئاگاھلىق بىلەن جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن رول ئويناپ، مەدەنىي غىزالىنىش يېڭى ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز.



3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نۇرباغدىكى شياۋگازى ئاشخانىسىدىكى خىزمەتچىلەر ئاشخانىغا ئاممىۋى قوشۇق، ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىش تەشۋىقات ئېلانى چاپلىماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

# داۋاملىق قۇرۇلىدىغان سۇچىلىق تۈرلىرىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى %70تىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى داۋاملىق قۇرۇلىدىغان ۋە يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈرلەر چوڭتاش جىلغىسى، داشمېن سۇچىلىق تۈگۈنى قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك سۇ تېجەش، سۇ بىلەن تەمىنلەش مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، تۇدۇڭخابا لوۋجاۋگزى سۇ ئامبىرى قاتارلىق 16 تۈرلۈك ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ھەمدە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرىغا يوللىغان ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبارلىرى، يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى مۇستەھكەملەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ـ تىزگىنلەش، خەتەر يوشۇرۇن ئامىلى بار سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش، سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ داۋاملىق قۇرۇلىدىغان ياندىش ۋە سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش تۈرلىرى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىكەن.

2 ـ ئاينىڭ بېشىدا، سۇچىلىق تارماقلىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا خىرىدار چاقىرىلىدىغان تۈرلەرنىڭ ئەھۋالى، قۇرۇلۇۋاتقان مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەھۋالى، داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تۈرلەردە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈرلەردە ئىش باشلاش ئەھۋالى، تۈر قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاش ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كۈندىلىك مەلۇمات شەكلىنى قوللىنىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ، قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى.

تۈرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا قارىتا، سۇچىلىق تارماقلىرى كونكرېت ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلەپىنى ئوتتۇرىغا قويدى: دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن ئومۇميۈزلۈك ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ شىمالىي شىنجاڭدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە كىلىماتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، مۇۋاپىق، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىش؛ سۇ بۇزۇۋەتكەن، ئاپەتتە زىيانغا ئۇچرىغان قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمدە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇپ كەلكۈن مەزگىلىدىن ئۆتۈش قۇرۇلۇشىدا بالدۇرراق ئىش باشلاپ، كەلكۈن كېلىشتىن بۇرۇن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا تىرىشىپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش؛ باشقا سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىدىمۇ ئىش باشلاشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرىنى تېزلىتىپ، ئىش باشلاش شارائىتىنى ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يول چىڭداش ماشىنىلىرى گۈركىرەيتتى. «بۇ تۈردە 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، ھەرقايسى ئورۇنلار جىددىي قۇرۇلۇش قىلىۋاتىدۇ، بارلىق تونېللارنىڭ ھەممىسى تۇتاشتۇرۇلدى، تويا قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە سۈرئىتى %80تىن ئاشتى، كېيىنكى مەزگىلدە يەنە ئۈسكۈنە ۋە خادىملار داۋاملىق كۆپەيتىلىپ، بۇ يىل قاتناشنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ» دېدى بۇ تۈرنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋېيڭ ۋېنجۇڭ.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا 35 تاشيول تۈرى داۋاملىق قۇرۇلىدۇ، 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە 23 تۈردە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش نىسبىتى %65.7 بولدى، ئېگىز يۇزىدىن ئېگىز بولغان، تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قېپقالغان تۈرلەردە پۈتۈنلەي 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. يېڭىدىن ئىش باشلانغان تاشيول تۈرى 14 بولۇپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر پائال ئالغا سىلجىتىلماقتا.

قۇرۇلۇۋاتقان ئۈچ چوڭ تۆمۈريول نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى (شىنجاڭ بۆلىكى)، خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا ئىش پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى ۋە ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا بۇ يىل پويىز قاتناپ، تىجارەت باشلىنىدۇ.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئاۋىياتسىيەسى بويىچە داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تۈرلىرىدىن ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا ئايرودرومىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەمدە تاشقورغان، موڭغۇلكۈرە، كېرىيە ئايرودرومى قۇرۇلۇشى تۈرلىرى بار، نۆۋەتتە تاشقورغان ئايرودرومى قۇرۇلۇشى تۈرىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەندىن سىرت، باشقا داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تۈرلەردە پۈتۈنلەي ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈرلەر باينبۇلاق ئايرودرومى تۈرى، شەرقىي جۇڭغار(گۇچۇڭ) ئايرودرومى تۈرى، باركۆل ئايرودرومى تۈرى، تۇرپان ئايرودرومى ئۈچۈش رايونىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرى، ئالتاي ۋىلايىتى ھەممباب ئايرودرومى ھەم ھەممباب ئاۋىياتسىيە كەسپىنىڭ يانداش ئەسلىھە تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، نۆۋەتتە قۇرۇلۇش باشلاشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى تېز ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ.